# پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىغا تالاش-تارتىش قىلىپ كەلگەن بىر توپ كىشىلەرنى قەسەم ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان، ئۇلاردىن ھەر ئىككى تەرەپ قەسەم ئىچىشكە ئالدىرغاندا قايسى بۇرۇن قەسەم قىلىش ئۈچۈن ئارىسىدا چەك تاشلاشقا بۇيرىغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىغا تالاش-تارتىش قىلىپ كەلگەن بىر توپ كىشىلەرنى قەسەم ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان، ئۇلاردىن ھەر ئىككى تەرەپ قەسەم ئىچىشكە ئالدىرغاندا قايسى بۇرۇن قەسەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا چەك تاشلاشقا بۇيرىغان

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىغا تالاش-تارتىش قىلىپ كەلگەن بىر توپ كىشىلەرنى قەسەم ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان، ئۇلاردىن ھەر ئىككى تەرەپ قەسەم ئىچىشكە ئالدىرغاندا قايسى بۇرۇن قەسەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا چەك تاشلاشقا بۇيرىغان، بۇ ھەدىستىن شۇ ئىپادىلىنىدۇكى، ئىككى كىشى ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ قولىدىكى نەرسىنى دەۋا قىلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ قولىدا ئىسپاتى بولمىسا، ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا ئىسپات بولسىمۇ ئەمما ئۈچىنچى كىشى: مەن بۇ نەرسىنىڭ بۇ كىشىنىڭمۇ ياكى ئاۋۇ كىشىنىڭمۇ بۇنى بىلمەيمەن دېگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىككى داۋاگەرنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلاش بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ، چەك قايسىسىغا چىقسا شۇ كىشى قەسەم قىلىپ بېرىپ دەۋا قىلغان نەرسىسىنى ئالىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee